
# تام ئۆي كۆچتى

# 汤姆搬家




شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

本书根据海燕出版社2008年5月第1版，2013年8月第10次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: **ئەركىن ئەمەت**
مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەنۋەر ھېكىم**
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: **ئەمرۇللا ئەنۋەر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **رىزۋانگۈل ئابلەت**

تام ھەققىدە ھېكايىلەر


## تام ئۆي كۆچتى

تەرجىمە قىلغۇچى: قەلبىنۇر تەۋەككۇل
نەشرىيات: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
تېلېفون: 0998 - 2653927
ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 844000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1194 × 889 م م 1／24
باسما تاۋىقى: 1
نەشرى: 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
باھاسى: 6.50 يۈەن


# تام ئۆي كۆچتى

# 汤姆搬家

تەرجىمە قىلغۇچى : قەلبىنۇر تەۋەككۇل




شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



دادام خىزمەت ئالماشتۇرغانلىقتىن، بىز باشقا بىر كىچىك بازارغا كۆچۈپ كەتمەكچى بولدۇق. مەن ئۆي
كۆچۈشنى خالىمايتتىم، مەن بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتاتتىم. يەنە كېلىپ، ئاداشلىرىمدىن ئايرىلىپ قې-
لىشنى تېخىمۇ خالىمايتتىم.

爸爸换了工作，我们家要搬到另一个小镇去。我不愿意搬家，我在这里挺好的，再说，我也不愿意离开我的朋友们。



دادام ماڭا:

ــ ئاداش دېگەن ھەممە يەردە بار، ئۇ يەردىمۇ بار، ــ دېدى.

بىراق، مەن ئۇلارنى تونۇمايدىغان تۇرسام! ئۇلار چوقۇم بۇ يەردىكى دوستلىرىمدەك ياخشى ئەمەس.

“朋友到处都有,那边也有。”爸爸对我说。可我不认识那边的朋友呀！他们肯定没有我这里的朋友好。




يەسلىدە مەن بۇ خەۋەرنى كۆپچىلىككە ئېيتتىم. رۇرۇ:

— بىز ئەمدى سېنى كۆرەلمەمدۇق؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، سىلەر مېنىڭ يېڭى ئۆيۈمگە بارساڭلار بولىدۇ، — دېدىمەن.


— يېڭى ئۆيۈڭ بۇ يەرگە يېقىنراق بولسىكەن دەيمەن، — دېدى ئۇ.

在幼儿园里，我把这个消息告诉了大家。“我们再也看不到你了？”鲁鲁问。“不，你们可以到我的新家来看我。” “我希望你的新家不要离这儿太远。”他说。



— بۇ تام كۆچۈپ بارىدىغان جاي، — دېدى مۇئەللىم خەرىتىدىن كۆرسىتىپ. كۆپچىلىك بەك يىراق ھېس قىلىشتى. ماكسىم ماڭا ئىنتايىن تەلەيلىك ئىكەنلىكىمنى، چۈنكى ئۇ يەر ئۇنىڭ تەتىللىك دەم ئالىدىغان جايى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

“这就是汤姆要搬去的地方。”老师指着地图说。我们都觉得太远了。马克西姆对我说，我很有福气，因为那里是他度假的地方。



كەچتە ئۆيگە قايتىپ بارغاندا، ئانامنىڭ قاچا- قۇچىلارنى گېزىتكە ئوراپ قاچىلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ بىر
كۇبىكنى تېپىۋاپتۇ. ئۇ دەل يىتتۈرۈپ قويغىنىمغا ئۇزاق بولغان كۇبىك ئىدى!

晚上回到家里，我看到妈妈正在用报纸包餐具。她发现了一块积木，正是我丢了好久的那块！





دادام كىتابلارنى قەغەز يەشىككە قاچىلىغۇتكەن بولۇپ، ئالدىراش كىتاب جاھازىسىنى چۇۋۇۋاتاتتى.

爸爸把书都装进了纸箱里，正忙着拆卸书架。



تامدىكى رەسىملەرنىڭ ھەممىسى ئېلىۋېتىلىپ، پەقەت توپا ـ چاڭدىكى ئىزلا قېپقالغاندى. ھېلىقى رەسىملىرىمنى قەيەرگە قويۇپ قويغاندۇ؟ مەن پۈتۈن ئۆينى قەغەز يەشىككە قاچىلاپ قويۇشنى خالىمايمەن.

墙上的画都被摘下来了,只留下尘土的痕迹。我的那些画放在什么地方呢？我可不愿意把整个家都装进纸箱里。




مەن يۈگۈرۈپ ھۇجرامغا كىردىم. ھەر نېمە بولسا ھەممە نەرسىلەر جايىدا ئىكەن!

我跑回我的房间,还好,它们还在那儿!



ئەتىسى ئانام نەرسە - كېرەكلىرىمنى رەتلىشىمنى ھەم مۇشۇ باھانىدە ئىشلەتمەيدىغان ئويۇنچۇق-لىرىمنى تاشلىۋېتىشىمنى ئېيتتى. بىراق، مەن ئويۇنچۇقلىرىمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم، ئۇلارنى قۇرۇق ئۆيگە تاشلاپ قويغۇم يوق!

第二天,妈妈叫我整理东西,还建议我利用这个机会,把不玩的玩具扔掉。可我喜欢我的玩具,我不愿意把它们孤单地留在空房间里!





مېھمانخانا ئۆي قەغەز يەشىك بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. تامدىكى رەسىملەرنىڭ ھەممىسى ئو-
رالغان، ئىنانىڭ كارىۋىتىمۇ بىر تەرەپكە يۆلەپ قويۇلغان، ھەتتا ئاسما چىراغمۇ ئېلىۋېتىلگەنىدى.

客厅里堆满了纸箱，墙上的画打包了，伊娜的小床靠在一边，吊灯也摘下来了。




تۆت قاۋۇل ئادەم قاچا ـ قۇچا ئىشكاپى، كىيىم ئىشكاپى ۋە يەشىكلەرنى يۈك ئاپتوموبىلىغا باس- تى. ئۈستۈنكى قەۋەتتىن پىيانىنونى يۆتكەپ چۈشۈۋاتقاندا، ئۇلار ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، تەرلەپ ـ تەپ- چىپ يۈزلىرى قىپقىزىل بولۇپ كەتتى. مەن تېخى ئۇلارنى يۆتكىيەلمەسمىكىن دەپتىكەنمەن!

四位强壮的先生把我们的碗橱，衣柜，箱子都搬上了大卡车。从楼上往下抬钢琴时，他们喘着粗气，流了好多汗，脸憋得通红。我以为他们搬不动呢！





مەن ۋېلىسىپىتىمنى مىنىپ، ئانام بىلەن كىچىك بازارنى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقتىم. بىز خەلق مەيدانى، ئاپتوبۇس بېكىتى، يەسلى...... قاتارلىق جايلارغا باردۇق. كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، يىغ-لىغۇدەك بولۇپ قالدىم.

我骑着自行车，和妈妈一起到小镇上又转了一圈。我们去了广场，汽车站，幼儿园......我很伤心，我想哭了。



ئاخىرىدا ھۇجرامغا كىردىم. ئۆي ئىچى قۇپقۇرۇق، چاۋاك چېلىۋىدىم، كۇچلۇك ئەكس سادا ياڭ-
دى. خەير - خوش، ھۇجرام! خەير - خوش، پىكۇس دەرىخى! خەير - خوش، مېنى ئويغىتىدىغان سې-
غىزخان!......

最后来到我的房间里。房间都空了，我拍手，响起很大的回音。再见，我的卧室！再见，菩提树！再见，叫我早起的喜鹊！......





مەن ماشىنىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، قەغەز يەشىكتىن زىراپە سوفىينىڭ بېشى چىقىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. بىچارە سوفىي، ئۇ بوغۇلۇپ قالغاندەك قىلاتتى، مەن دادامغا ئۇنى ئېلىپ بېرىشنى، سوفىي مەن بىلەن بىللە تۇرسا ياخشىراق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم.

站在卡车下边,我看见长颈鹿苏菲的头从纸箱里露出来。可怜的苏菲,它大概快要窒息了。我让爸爸把它抱下来,苏菲跟我在一起会好受点。




ماڭىدىغان ۋاقىتتا، قوشنىلار ماشىنىنى ئورىۋېلىپ بىز بىلەن خوشلاشتى. دادام كاناي بې-
سىپ، يۈك ماشىنىسىنىڭ كەينىدىن ماشىنىسىنى قوزغاتتى. كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ سوفىينى
چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. بىز قەيەرگە بارارمىز؟

该动身了。邻居们都围着汽车，跟我们告别。爸爸摁了摁喇叭，跟在大卡车后面，启动了汽车。我心里很难受，使劲地抱住苏菲。现在，我们去哪里呢?




ئۇزاق يول يۈرگەندىن كېيىن، بىز ئاخىر يېتىپ كەلدۇق!

— يېڭى ئۆيىمىز قەيەردە؟ — سورىدىم دادامدىن.

— قارا، — دېدى دادام پەخىرلەنگەن هالدا، — مانا بۇ يەردە!


يېڭى ئۆيىمىز كونا ئۆيىمىزگە قارىغاندا خېلىلا چوڭ ئىدى.

走了很久很久，我们终于到了！“我们的新家在哪里呢？ ”“看！”爸爸骄傲地对我说，“就在这儿！”新家好像比旧家大了许多！




بىز ھەممە ئۆينى ئايلىنىپ چىقتۇق. سىر پۇرىقى تېخىچە چىقىپ كەتمىگەنىدى! مەن ئەڭ ئۈستى-
دىكى پەشتاقتا ئولتۇردۇم. مەن بۇ يەرنى ياقتۇرمىدىم. يەنىلا بۇرۇنقى ئۆيۈمگە قايتقۇم بار ئىدى!

我们参观了所有的房间，里面还有油漆的味道呢！我坐在高高的楼梯上。我不喜欢这里，我要回我原来的家！




يېڭى ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى گۈللۈكتە يوغان بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، شېخى بەك پەس ئىدى.
دادام دەرەخنىڭ ئۈستىگە كىچىك بىر ياغاچ ئۆي ياسىساق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

在新家附近的一座花园里，有一颗大树，树枝很低。爸爸说，我们可以在上面建造一个小树屋。



— ياخشىمۇسىز! — دەرەخلىكتىن ئىككى كىچىك بالا چىقىپ كەلدى، — مېنىڭ ئىسمىم جابى، بۇياق ئېرما، مېنىڭ سىڭلىم. بىز سىزنىڭ قوشنىڭىز.

“你好!”树丛中出现了两个小孩,“我叫嘉碧。这是艾玛,我的妹妹。我们是你的邻居。”




مەن جابى بىلەن ئېرمانى باشلاپ يېڭى ئۆيۈمنى كۆرسەتتىم. جابى ياتاق ئۆيۈمنى قەۋەتلا ياقتۇ-
رۇپ قالدى ھەم ماڭا ياردەملىشىپ بېزىشىپ بەردى.

我带嘉碧和艾玛参观我的新家。嘉碧非常喜欢我的卧室，还帮我一起装饰它。




ئېرما بەك قىزىق ئىكەن. ئۇ ئىنانى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇنى توختىماي كۈلدۈرۈۋاتاتتى.

艾玛很好玩，她抱住伊娜，把伊娜逗得直笑。



جابى مېنى ئۆيىگە كېلىپ ئويناپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ھەممە ئويۇنچۇقلىرىنى ئېلىپ ماڭا كۆر -
سەتتى. يەنە تېخى غالتەكلىك كانكىدا تېيىلىشنى ئۆگىتىپ قويدى. بىز بەك كۆڭۈللۈك ئوينىدۇق.

嘉碧邀请我到他家玩。他把所有的玩具都拿给我看，还教我滑旱冰。我们玩得很开心。



قىسقىسى، يېڭى ئۆيۈم ھەرھالدا يامان ئەمەس ئىدى، مەن رۇرۇغا خەت يېزىپ، تەتىل قويۇپ بەر-
گەندە كېلىپ مەن بىلەن ئوينىشىنى ئېيتىمەن. مەن ئەتە جابى بىلەن بىللە يېڭى يەسلىگە بېرىش-
نى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۇم.

总之,我的新家还不错。我要写信给鲁鲁,让他放假时来跟我和嘉碧玩。我都等不及了:明天,我要和嘉碧一起,去上新幼儿园。

**图书在版编目(CIP)数据**

汤姆搬家：维、汉 / (法) 马斯尼编著；(法)巴文绘；梅莉，萧袤，卡丽毕努尔·台外库力译. -- 喀什：喀什维吾尔文出版社，2015.2

(小汤姆系列)

ISBN 978-7-5373-3749-6

Ⅰ. ①汤… Ⅱ. ①马… ②巴… ③梅… ④萧… ⑤卡… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－法国－现代 Ⅳ. ①I565.85

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第042982号

策　　划：艤尔肯·艾麦提
责任编辑：艾尼瓦尔·艾克木
美术编辑：艾木热拉·艾尼瓦尔
责任校对：热孜玩古丽·阿布来提

小汤姆系列——汤姆搬家

| | |
|---|---|
| 翻　译 | 卡丽毕努尔·台外库力 |
| 出　版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998-2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路14号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司 |
| 开　本 | 889×1194毫米　1/24 开本 |
| 印　张 | 1 |
| 版　次 | 2015年2月第1版 |
| 印　次 | 2015年2月第1次印刷 |
| 定　价 | 6.50元 |

## ئوقۇش يېتەكچىسى

ئۆي كۆچمەكچى بولغان تامنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم ئىدى. ئۇنىڭ ئاداشلىرىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى...... ئۆي كۆچۈش تام ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئازاب بولدى. ئايرىلىش ئالدىدىكى تەشۋىش، ئەندىشە، قىيالماسلىق، يېڭى مۇھىتقا نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىنىش، كۆنەلمەسلىك ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كەلگەنىدى. ئاخىرىدا تام يېڭى مۇھىتقا تېزلا كۆنۈپ قالدى. گەرچە ئۆي كۆچۈش ئايرىلىشتىن، ئازابتىن، نامەلۇم بىر خىرىستىن دېرەك بەرگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا يەنە يېڭى سەرگۈزەشت يېڭى دوست ۋە يېڭى خۇشاللىقلار بار.

—— شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى باللار مائارىپى تەتقىقات ئورنىدىن جۇ جىاشيۇڭ، خۇ يىخۇي



ISBN 978-7-5373-3749-6

定价：6.50 元